بسم الله الرحمن الرحيم


# ئىسلام ئاۋازى

22- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)


# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

سوئال: ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ «**الله تعالى** غا ئىمان كەلتۈرۈش»تىكى ئىخچاملانغان مەنھەجى نېمە؟

جاۋاب: ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ «**الله تعالى** غا ئىمان كەلتۈرۈش»تىكى مەنھەجى تۆۋەندىكىدەك ئىخچاملىنىدۇ:

**الله تعالى** ئۆز كىتابىدا ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز سۈننىتىدە خەۋەر قىلغان بارلىق نەرسىلەرگە تىل تولغىماستىن، «**تَحْرِيف**» قىلماستىن (يەنى بۇرمىلىماستىن)، «**تَأْوِيْل**» قىلماستىن (يەنى دەلىلسىز ھالدا ئاشكارا مەنىسىنى يوشۇرۇن مەنىگە يۆتكىمەستىن)، «**تَعْطِيْل**» قىلماستىن (يەنى ئايەت-ھەدىسنىڭ لەۋزىلىرىدىكى مەنىلىرىنى يوق قىلىۋەتمەستىن)، «**تَكْيِيْف**» قىلماستىن (يەنى **الله** نىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قانداقلىقىنى سۈرۈشتە قىلماستىن)، ئىككىلەنمەستىن ۋە شەكلەنمەستىن جەزمىي ئىمان كەلتۈرۈش؛ كامىل ئىقرار قىلىش؛ تولۇق تەسلىم بولۇش ۋە ھەر قايسى تەرەپتىن تولۇق ئەمەل قىلىشتۇر. بۇ ھەقتە ئالىملار تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرنى قىلغان:

ئىمام مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىم زۇھرىي (بۇ كىشى فەقىھ تابىئىن) **رحمه الله** مۇنداق دېگەن: «رىسالەت (ئەلچىلىك) بولسا **الله** تەرەپتىندۇر، ئۇنى يەتكۈزۈش رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۈستىگە ۋاجىبتۇر، ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇش بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ۋاجىبتۇر» (ئىمام زەھەبىنىڭ «**سيرة أعلام النبلاء**» ناملىق كىتابى 5- توم 377- بەت).

ئىمام سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە **رحمه الله** مۇنداق دېگەن: «**الله تعالى** قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنى سۈپەتلىگەن ھەر قانداق بىر سۈپەتنى ئوقۇش — شۇ سۈپەتنى تەپسىر قىلغانلىقتۇر، ئۇنىڭ قانداق ھالەتتە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرمەيمىز ۋە ئوخشاتمايمىز» (ئىمام لەلكائىنىڭ «**شرح أصول الإعتقاد أهل سنة والجماعة**» ناملىق كىتابى 4- توم 478- بەت).

ئىمام شافىئىي **رحمه الله** مۇنداق دېگەن: «**الله** قا ئىمان كەلتۈردۈم، **الله** تەرىپىدىن كەلگەن بارچە نەرسىلەرگە **الله** نىڭ مۇراد- مەقسىتى بويىچە ئىمان كەلتۈردۈم ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ تەرىپىدىن كەلگەن بارچە نەرسىلەرگە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇراد- مەقسىتى بويىچە ئىمان كەلتۈردۈم» (ئىمام ئىبنى قۇدامە مەقدىسىنىڭ «**لُمعة الإعتقاد الهادي إلى سبيل الرشاد**» ناملىق كىتابى).

ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس **رحمه الله**: «بىدئەتلەردىن ئېھتىيات قىلىڭلار!» دېگەنىدى، ئۇنىڭدىن: «بىدئەتلەر دېگەن نېمە؟» دەپ سورالدى. ئۇ: «بىدئەتلەرنىڭ ئەھلى بولسا **الله** نىڭ ئىسىملىرى، سۈپەتلىرى، كالامى، ئىلمى ۋە قۇدرىتى ھەققىدە سۆزلەيدىغان ھەمدە ساھابىلەر ۋە ئۇلارغا ئېھسان بىلەن ئەگەشكەن تابىئىنلار سۈكۈت قىلغان نەرسە ھەققىدە سۈكۈت قىلمايدىغانلاردۇر» دېدى (ئىمام بەغەۋىينىڭ «**شرح السنة**» ناملىق كىتابى 1- توم 217- بەت).

بىر كىشى ئىمام مالىك **رحمه الله** تىن «مەرھەمەتلىك **الله** ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى» دېگەن ئايەت ھەققىدە: «قانداق قارار ئالدى؟» دەپ سورىغانىدى، ئىمام مالىك **رحمه الله**: «<اِسْتَوَى> (قارار ئالدى) دېگەن سۆز (سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى) مەلۇم، قانداق قارار ئالغانلىقى نامەلۇم. ئۇنىڭغا (يەنى **الله تعالى** نىڭ ئەرش ئۈستىدە قارار ئالغانلىقىغا) ئىمان كەلتۈرۈش ۋاجىب. ئۇ ھەقتە (يەنى **الله تعالى** نىڭ ئەرش ئۈستىدە قانداق قارار ئالغانلىقى ھەققىدە) سوئال سوراش بىدئەت» دەپ جاۋاب بەردى ۋە سوئال سورىغان ھېلىقى ئادەمگە كايىپ: «مەن سېنىڭ پەقەت ئازغۇن ئىكەنلىكىڭنى كۆرۈۋاتىمەن» دېدى-دە، ئۇ ئادەمنى مەجلىستىن چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇدى* (ئىمام لەلكائىنىڭ «**شرح أصول الإعتقاد أهل السنة والجماعة**» دېگەن كىتابى 3- توم 440- بەت).

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە **رحمه الله** مۇنداق دېگەن: «**الله** نىڭ زاتى ھەققىدە بىر نەرسە دېيىش ھېچ كىشىگە دۇرۇس ئەمەس بەلكى **الله** ئۆزىنى قانداق سۈپەتلىگەن بولسا شۇنداق سۈپەتلەش لازىم ھەمدە **الله** نىڭ زاتى، ئىسىم-سۈپەتلىرى ھەققىدە ھېچكىم ئۆزىنىڭ كۆزقارىشى بويىچە بىر نەرسە دېمەسلىك لازىم. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان **الله** نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر» (ئىمام ئىبنى ئەبۇ ئىز ھەنەفىينىڭ «**شرح العقيدة الطحاوية**» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى).

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى **الله** ئەززە ۋە جەللەنىڭ ئاسماندا ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىكەن ئۇ كاپىردۇر» (ئىمام زەھەبىنىڭ «**العلو للعلي الغفار**» ناملىق كىتابى 2- توم 427- بەت).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركىساندا)

---

* ئىزاھات: ئىمام مالىك **رحمه الله** نىڭ «**الله تعالى** نىڭ ئەرش ئۈستىدە قانداق قارار ئالغانلىقى نامەلۇم» دېگىنى — ئۇنى **الله تعالى** دىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭ «**الله تعالى** نىڭ ئەرش ئۈستىدە قارار ئالغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋاجىب» دېيىشى — بۇ ھەقتە ئېنىق دەلىللەر كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ يەنە «**الله تعالى** نىڭ ئەرش ئۈستىدە قانداق قارار ئالغانلىقى ھەققىدە سوئال سوراش بىدئەت» دېيىشى — **الله تعالى** نىڭ ئەرش ئۈستىدە قانداق قارار ئالغانلىقىنى **الله تعالى** دىن باشقا ھېچكىمنىڭ بىلمەيدىغانلىقى ۋە بۇ ھەقتە ساھابە كىراملارنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سوئال سورىمىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

# بۇلاقتىن تامچە

**الله تعالى** مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَاذْكُرُوا إِذْ أَنتُمْ قَلِيلٌ مُّسْتَضْعَفُونَ فِي الْأَرْضِ تَخَافُونَ أَن يَتَخَطَّفَكُمُ النَّاسُ فَآوَاكُمْ وَأَيَّدَكُم بِنَصْرِهِ وَرَزَقَكُم مِّنَ الطَّيِّبَاتِ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ**﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (مەككە) زېمىنىدا ئاز سانلىق بولۇپ، بوزەك قىلىنغان ئىدىڭلار، كىشىلەر (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ تالان-تاراج قىلىشىدىن قورقاتتىڭلار. شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن **الله** سىلەرنى (مەدىنىدە) يەرلەشتۈردى، (بەدىر ئۇرۇشىدا) ئۆز ياردىمى بىلەن سىلەرنى كۈچلەندۈردى، سىلەرگە ھالال نەرسىلەر (يەنى غەنىيمەتلەر)نى رىزىق قىلىپ بەردى» (سۈرە ئەنفال 26- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

ئىبنى كەسىر **رحمه الله** بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «**الله تعالى** بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرى ۋە ياخشىلىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ نېئمەتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

مەككىدىكى ۋاقتىدا مۇئمىنلەرنىڭ سانى ئاز ئىدى، **الله** ئۇلارنى مەدىنىدە كۆپەيتتى؛ ئۇلار بوزەك قىلىنغان ئاجىزلاردىن ئىدى، **الله** ئۇلارنى كۈچلەندۈردى ۋە ئۇلارغا ياردەم بەردى؛ ئۇلار ئىنتايىن نامرات ۋە پېقىر ئىدى، **الله** ئۇلارغا پاك- ھالال نەرسىلەردىن (يەنى غەنىيمەتلەردىن) رىزىق قىلىپ بەردى. ئۇلار سانى ئاز، ئاجىز ۋە ئېزىلگۈچىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ سانى ئاز ۋە كۈچ-قۇۋۋىتى بولمىغانلىقى سەۋەبتىن، مەككىدە باشقا شەھەرلەردىكى ئىنسانلارنىڭ (يەنى كاپىرلارنىڭ) ئۆزلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىدىن قورقۇپ ياشايتتى. ئاخىرى **الله** ئۇلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئاندىن **الله** ئۇلارنى مەدىنىدە يەرلەشتۈرۈپ، مەدىنە ئەھلىنى ئۇلارغا جاي بېرىشكە مۇيەسسەر قىلدى. مەدىنە ئەھلى ئۇلارغا ئورۇن بەردى ۋە ياردەم بەردى، ماللىرى بىلەن خەيرىخاھلىق قىلدى، **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىشتا بارلىقىنى سەرپ ئەتتى.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: <ئۇلار ئەرەب قەبىلىلىرى ئىچىدە ئەڭ خارلىنىدىغان، تۇرمۇشى ئەڭ قىيىن ۋە نامرات، قورساقلىرى ئاچ، يېرىم يالىڭاچ ۋە ئازغۇنلۇقى ئوچۇق كىشىلەر ئىدى. ئۇلاردىن ياشىغانلار بەختسىز ياشايتتى، ئۆلگەنلەر دوزاخقا يىقىلاتتى. ئۇلار يېيىلەتتى ئەمما يېيەلمەيتتى (يەنى بوزەك قىلىناتتى، بوزەك قىلالمايتتى). **الله** بىلەن قەسەمكى، ئۇلار قەبىلە جەھەتتە زېمىن يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ناچارراقى ئىدى. ئاخىرى **الله** ئۇلارغا ئىسلامنى ئاتا قىلدى، ئىسلام بىلەن ئۇلارنى كۈچلەندۈردى، شۇ سەۋەبلىك رىزقىنى كەڭرى قىلىپ بەردى. ئۇلارنى شۇ سەۋەبلىك كىشىلەرگە پادىشاھ قىلىپ بەردى ۋە ئۇ ئارقىلىق **الله** سىلەر كۆرگەن نەرسىلەرنى بەردى. شۈكۈر قىلىشقا، سىلەر **الله** نىڭ نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىڭلار. سىلەرگە نېئمەتلەرنى ئىنئام قىلغان رەببىڭلار سىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشىڭلارنى ياخشى كۆرىدۇ، شۈكۈر قىلغۇچىلار **الله** نىڭ كۆپ نېئمەتلىرى ئىچىدە بولىدۇ>» («ئىبنى كەسىر تەپسىرى»دىن ئېلىندى).

مانا بۇ **الله** ئەززە ۋە جەللە تەرىپىدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىگە بولغان ئەسلەتمە ۋە نەسىھەتتۇر. ئى مۇئمىنلەر! **الله** ۋە **الله** نىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىڭلار. ئەلچى سىلەرنى سىلەرگە ھاياتلىق بېغىشلايدىغان نەرسىگە چاقىرسا ئۇنىڭغا ئىجابەت قىلىڭلار. ئەگەر ئەلچى سىلەرنى مۇشەققەتلىك ۋە قاتتىقچىلىق بار نەرسىلەرگە بۇيرۇسىمۇ ئىتائەت قىلىڭلار، جەزمەن **الله** مۇشەققەتلەرنى سىلەرنىڭ ئۆز ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلغانلىقىڭلار سەۋەبلىك يەڭگىللەشتۈرۈپ بېرىدۇ ۋە مۇشۇ قىيىنچىلىقلاردىن سىلەر ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنى ئاتا قىلىدۇ. سىلەر **الله** نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئەگەشكەن چېغىڭلاردا سانىڭلار ئاز ئىدى، كاپىرلار سىلەرنى بوزەك قىلاتتى ۋە دىنىڭلاردىن ئازدۇراتتى، جېنىڭلار ۋە يۈز-ئابرۇيىڭلارغا سىلەر ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەرنى يەتكۈزەتتى. سىلەر ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىز تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقاتتىڭلار، **الله** سىلەرگە جايلىشىدىغان ئورۇن بەردى ۋە سىلەرنى ئۆز ياردىمى بىلەن كۈچلەندۈردى، ئاخىرى سىلەر بەدردە ئۇلاردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆلتۈردۈڭلار.

﴿**وَرَزَقَكُمْ مِنَ الطَّيِّبَاتِ**﴾ — **الله** سىلەرگە پاك، ھالال نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى. يەنى ئۇلارنىڭ ماللىرىنى سىلەرگە پاك، ھالال رىزىق قىلىپ بەردى.

﴿**لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ**﴾ — شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن. يەنى **الله** سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ۋە ئىنئام قىلىپ بەرگەن يۇقىرىقى نېئمەتلەرگە، ئۇنىڭدىن باشقا سىلەرنىڭ قېشىڭلاردىكى **الله** نىڭ نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن دېگەن بولىدۇ («تەپسىر تەبەرى»دىن ئېلىندى).

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

**عَن عُمَر بِن الْخطَّاب رضي الله عنه قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولُ اللَّه ﷺ يقُول: «إِنَّمَا الأَعْمَالُ بالنِّيَات، وَإِنَّمَا لِكُلِّ إمرئ ما نوى، فَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتِه إلى اللَّهِ وَ رَسُولِه، فَهِجْرَته إِلَى الله وَرَسُوله، وَ مَنْ كَانَتْ هِجْرَتِهِ لِدُنْيَا يُصِيْبُهَا، أَوْ اِمْرَأةٌ يَنْكِحُهَا، فَهِجْرَتِه إِلَى مَا هَاجَرَ إِلَيْهِ» (متفق عليه).**

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب **رضي الله عنه** مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: <ئەمەللەر (يەنى شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان ئەمەللەر) پەقەت نىيەتكىلا باغلىق، ھەر كىشى (ئەجىر ۋە ساۋابتىن) ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگىلا ئېرىشىدۇ. بىر كىشى **الله** ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى تەرەپكە (يەنى **الله** نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش، پەيغەمبەرنىڭ يولىنى ۋە شەرىئەتنى قوغداش ھەم ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن) ھىجرەت قىلسا، ئۇنداقتا ئۇ كىشىنىڭ ھىجرىتى **الله** ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى تەرەپكە بولغان بولىدۇ. ئەگەر بىر كىشى دۇنيانى (يەنى پۇل-مال، ئابرۇي ۋە مەنسەپنى) ياكى خوتۇن ئېلىشنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ھىجرىتى شۇ كۆزلىگەن نەرسىسى تەرەپكە بولغان بولىدۇ>» (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

### ھەدىستىن چىقىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، بۇ ھەدىس ئالىملارنىڭ نەزىرىدە دىننىڭ ئىككىدىن بىر قىسمى دېيىلىدۇ چۈنكى ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ ئىككى شەرتى بار بولۇپ: بىرى، شېرىك ۋە رىيادىن خالىي بولۇش؛ يەنە بىرى، سۈننەتكە (يەنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆلچىمىگە ياكى يولىغا ۋە ياكى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە نازىل بولغان ۋەھيي ۋە ئىلىمگە) مۇۋاپىق بولۇش.

ئىككىنچى، نىيەت قەلبنىڭ ئەمىلىدۇر شۇڭا ئۇنى ئېغىزدا تەلەپپۇز قىلىش بىدئەتتۇر.

ئۈچىنچى، قەلبنىڭ ئەمىلى بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئەمىلىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ (يەنى قەلبنىڭ گۇناھى بەدەن ئەزالىرىنىڭ گۇناھىدىن ئېغىر بولىدۇ). مەسىلەن، ھەسەت قىلىش ياكى كىبىرلىنىش دېگەندەك قەلب گۇناھلىرى — ھاراق ئىچىش ۋە قىمار ئويناش دېگەندەك بەدەن ئەزالىرىنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېغىر بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى، ھەدىستىكى «ئەمەللەر پەقەت نىيەتكە باغلىق» دېگەن جۈملىدۇر چۈنكى ئەرەب تىلىدا بىر سۈپەت بىردىن ئارتۇق كىشىلەردە مەۋجۇت بولسا،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

ئۇ سۆيەتنى شۇ كىشىلەرنىڭ بىرىگىلا خاس قىلىش — شۇ سۆيەتنىڭ شۇ كىشىدە تېخىمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئالايلۇق، سۈرە فاتىر 28- ئايەتتىكى «اللە تىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ» دېگەنلىك — «باشقىلار قورقمايدۇ» دېگەنلىك ئەمەس بەلكى ئالىملار اللە تىن ئاددىي خەلقلەرگە قارىغاندا بەكرەك قورقىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ (شۇڭا ئالىملار دىنغا سۇسلۇق قىلىپ، ئالىملىق مەرتىۋىسىدىن چۈشۈپ كېتىشتىن ئەنسىرىشى كېرەك). دېمەك، ئەمەللەر نىيەتكىلا باغلىق بولۇشتىن سىرت يەنە سۈننەتكە مۇۋاپىق بولۇشقىمۇ باغلىق ئەمما نىيەتكە تېخىمۇ باغلىقتۇر. نىيەت قەلبنىڭ ئەمىلىدۇر، سۈننەتكە (يەنى ئىلىمگە) مۇۋاپىقلىشىش بولسا بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئەمىلىدۇر شۇڭا قەلبنىڭ ئەمىلى بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئەمىلىدىن تېخىمۇ مۇھىم دەيمىز.

تۆتىنچى، پەرزنى تەرك ئېتىپ ياكى ھارام ئىشنى قىلىپ تۇرۇپ «نىيىتىم ياخشى» دەپ تۇرۇۋېلىش باتىلدۇر ۋە مۇرجىئىلىك خاھىشىدۇر.

بەشىنچى، ئومۇمي ئۇقۇمدىكى ئىبادەت ئىككى خىل بولۇپ: بىرى، خاس ئىبادەتلەر (يەنى ناماز، زىكىر، ھەج دېگەندەك)؛ يەنە بىرى، مۇئامىلات ياكى ئادەتلەر (ئېلىم-سېتىم، نىكاھ مۇراسىملىرى، ئۇخلاش ۋە سۇغا چۆمۈلۈش... دېگەندەك). خاس ئىبادەتلەردە نىيەتنى ھازىر قىلىش ۋە توغرا قىلىش شەرتتۇر. مەسىلەن، پەرز ناماز ئوقۇيدىغان چاغدا سۈننەت نامازنى نىيەت قىلىپ ئوقۇپ بولۇپ، «بۇ نامىزىم پەرزگە ھېساب بولسۇن» دېسە بۇ گەپ قوبۇل قىلىنمايدۇ ئەمما نىيەت بۇزۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈن (يەنى باشقىلارغا تەقۋا كۆرۈنۈشنى نىيەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن) سۈننەت نامىزى توغرا بولۇۋېرىدۇ. مۇئامىلات ياكى ئادەتلەردە بولسا نىيەتنى ھازىر قىلىش شەرت ئەمەس، پەقەت بۇزۇق نىيەت قىلماسلىقلا شەرتتۇر. مەسىلەن، بىر ئادەم ئۇخلىغان چاغدا نىيەتنى ھازىر قىلىش شەرت ئەمەس لېكىن «ئاخشاملىققا پالاننىنىڭ مېلىنى ئوغرىلايدىغان چاغدا مېنى ئۇيغۇ بېسىۋالمىسۇن» دېگەننى نىيەت قىلىپ «ھازىر ئۇخلىۋالاي» دەپ ئۇخلىغان بولسا بۇ ئۇخلاش ھارامغا ئۆزگىرىدۇ. بىر كىشى پەرزگە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا «تولىمۇ ھېرىپ كەتتىم، بىر دەم ئۇخلىۋالاي» دەپ ئۇخلىغان بولسا، بۇ ئۇخلاش ساۋابمۇ ئەمەس گۇناھمۇ ئەمەس. ئەمما، «شەرئىي دەرس ياكى رىبات ۋاقتىدا ئۇخلاپ قالماي» دەپ بىر دەم ئۇخلىغان بولسا، بۇ خىل ئادەت خاراكتېرلىك ياكى مۇئامىلە خاراكتېرلىك مۇباھ ئىش ساۋابلىق ئىشقا ئايلىنىدۇ.

(اللە خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

قوشۇن بەدردە ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئەسىرلەر ياللاپ بىرگە ئېلىپ مېڭىلدى ۋە مۇشرىكلاردىن تارتىۋېلىنغان غەنىيمەتلەرگە ئابدۇللاھ ئىبنى كەئب رضي الله عنه مەسئۇل بولدى. پەيغەمبەر ﷺ بەدر ۋادىسىدىن چىقىپ سەفرا جىلغىسىدىن ئۆتۈپ، سەفرا بىلەن نازىيە ئوتتۇرىسىدىكى تۆزلەڭلىككە چۈشتى ۋە بۇ يەردە غەنىيمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى ئايرىۋېلىپ قالغان قىسمىنى مۇجاھىدلارغا تەڭ تەقسىم قىلىپ بەردى.

سەفراغا يېتىپ بارغاندا پەيغەمبەر ﷺ نەزر ئىبنى ھارىسنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى چۈنكى ئۇ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ بايراقدارى ۋە قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ كاتتىۋېشى بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ئىلگىرى ئىسلام دىنىغا ھاقارەت قىلغان ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە ئىنتايىن ئېغىر كۈلپەتلەرنى يەتكۈزگەن ھەم ئەشەددىي دۈشمەنلىك قىلغان بەتبەخت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رضي الله عنه ئېلىپ چىقىپ قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردى. ئاندىن يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىرقى زەبيە دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ﷺ قوشۇننى توختىتىپ ئوقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەييىتنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. ھەممىگە مەلۇمكى (ئالدىنقى بابلاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك)، ئوقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەييىتنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە سالغان ئازار-كۈلپەتلىرى ھەددى-ھېسابسىز ئىدى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ كەئبە يېنىدا نامازدا سەجدىگە باش قويغىنىدا تۆگىنىڭ پوق-يىنلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ بوينىغا ئارتىپ قويغان بەتبەخت دەل مۇشۇ ئىدى. يەنە بىر كۈنى بىلىدىكى پوتىسى بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ گېلىنى بوغقان، ئەگەر ئەبۇبەكرى رضي الله عنه توسۇۋالمىغان بولسا پەيغەمبەر ﷺ نى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالغانمۇ شۇ مەلئۇن ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغانىدى، ئۇنى ئاسىم ئىبنى سابىت رضي الله عنه ئۆلتۈردى. (يەنە بىر نەقىلدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رضي الله عنه ئۆلتۈرگەن دېيىلىدۇ.) بۇ ئىككى مۇشرىككە ئۆلۈم جازاسى بېرىش — لەشكىرىي ئىنتىزام نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى چۈنكى ئۇلار ئەسىرلەر قاتارىدىكى ئىككى ئەسىرلا ئەمەس بەلكى ھازىرقى زامان تىلىدا «ئۇرۇش جىنايەتچىسى» دەپ ئاتىلىدىغان مۇشرىكلار ئىدى.

## تەبرىك ئەلچىلىرى

پەيغەمبەر ﷺ رەۋھا دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە (مەدىنىدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن چىققان) مۇسۇلمانلارنىڭ ئەلچىلىرىگە يولۇقتى. ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ ئۈچۈن قىزغىن تەبرىك سادالىرىنى ياڭراتتى. بۇ چاغدا سەلىمە ئىبنى سەلامە رضي الله عنه ئۇلارغا: «بىزنى نېمىگە تەبرىكلەيسىلەر!؟ بىز پەقەت چۈشەلگەن تۆگىلەردەك پايىنەكباش قېرىلارغا ئۇچراشتۇق، ئاندىن ئۇلارنى ئۆلتۈردۇق خالاس» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ كۈلۈپ سالدى ۋە: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، ئۇلار شۇ قەۋمنىڭ كاتتىلىرى» دېدى.

ئۆمەك ئەزالىرىدىن ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير رضي الله عنه: «ئى رەسۇلۇللاھ! اللە ساڭا نۇسرەت ئاتا قىپتۇ ۋە سېنى خۇشال ھالدا قايتىپ كېلىشكە نېسىپ قىپتۇ، ئەلھەمدۇلىللاھ! بىز سېنى دۈشمەن بىلەن تۇتۇشقىلى ئەمەس بەلكى كارۋاننى توسقىلى چىقىپ كەتتى دەپ ئويلاپ قاپتۇق، ئەگەر مەن سېنىڭ دۈشمەن بىلەن قورال-لىق ئېلىشىدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسام ھەرگىزمۇ قوشۇندىن ئايرىلىپ قالمىغان بولاتتىم» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «راست ئېيتتىڭ» دېدى، ئاندىن يولنى داۋاملاشتۇرۇپ مەدىنىگە زەپەر قۇچقان ھالدا كىرىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەدىنە ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئەيمىنىدىغان بولدى. مەدىنە ئاھالىسىدىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ھەتتا شۇ كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيي ۋە ئۇنىڭ قولچوماقچىلىرىمۇ كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولۇشتى.

پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە يېتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەسىرلەرمۇ ئېلىپ كېلىندى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى ساھابىلەرگە تارقىتىپ بەردى ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر ئۆزى خورما ۋە مېۋە-چېۋىلەرنى يەپ، ئەسىرلەرگە ئاش-نان بېرىپ باقتى.

## يۇقىرىقىلاردىن ئېلىنغان پايدىلار

1. جىھادتىن كەلگەن مۇجاھىدلارنى تەبرىكلەش ۋە تەبرىكلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

2. ئۆلگەن كاپىرلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى ھەجۋى قىلىش دۇرۇس ئەمما ئاددىي كاپىر ياكى ئاددىي پاسىق مۇسۇلمانلارنىڭ ۋاپات بولغانلىرىنىڭ يامان گېپىنى قىلىش دۇرۇس ئەمەس شۇنداقلا كۇفۇر، بىدئەت ۋە پاسىقلىقنىڭ باشلىقلىرى بولغان كىشىلەرنىڭ زىيىنىدىن باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىدىغان سۆزلەرنى قىلىش دۇرۇس.

3. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئادىتى بويىچە، كۈلگەندە قاقاقلاپ كۈلمەي بەلكى تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

4. ئۆزىدىن كىچىك ۋە پاسىق ئەمەس مۇسۇلمانلارغا «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى»، «ئى قېرىندىشىم» دېگەندەك يېقىملىق سۆزلەر بىلەن خىتاب قىلىشنىڭ مۇستەھەب ئەدەبلەردىن ئىكەنلىكى.

5. گەرچە قەسەم تەلەپ قىلىنمىغان بولسىمۇ ئەمما ئۆزىنىڭ ئىلگىرى قىلغان راست ئىشىغا قەسەم قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

6. مۇسۇلمانلار جەڭدە غەلىبە قىلسا ئىسلامغا كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى كۆپىيىدىغانلىقى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇناپىقلارنىڭ سانىمۇ كۆپىيىپ كېتىدىغانلىقى.

7. تارىختىن بېرى ھېچبىر ئىسلامىي جەمئىيەت ياكى جامائەت پاسىقلاردىن ياكى مۇناپىقلاردىن خالىي بولالمىغانلىقى شۇڭا بىرەر ئىسلامىي جامائەتنىڭ مەنھەجى ساغلام بولسا ۋە ئىشەنچلىك ئالىملار ئۇ جامائەتكە ئازغۇن ياكى زالىم دەپ گۇۋاھلىق بەرمىسە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى پاسىق ۋە مۇناپىقلارنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ بۇ جامائەتنى «ئازغۇن جامائەت» ياكى «خائىن جامائەت» دەپ قارىلاش ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى.

8. كاپىر ئەسىرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش بولسا شەرىئەتتە چەكلەنگەن كاپىرلارنى دوست تۇتۇش جۈملىسىدىن ئەمەس بەلكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتى (يەنى يولى) ئىكەنلىكى.

(اللە خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

مانا بۇ قاراش — ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رضي الله عنه ئۇلارنى ئەلى رضي الله عنه نىڭ ئىتائەتىگە قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلغان چاغدا، خاۋارىجلارنىڭ ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رضي الله عنه غا قايتۇرغان تۆۋەندىكى جاۋابىدا تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رضي الله عنه ئۇلاردىن: «ئى اللە نىڭ بەندىلىرى! بىز ۋە سىلەر ئارىمىزدا بۆلگۈنچىلىك ھاسىل بولمىغان دەسلەپكى ھالىتىمىزدىن ئۆزگەرگىنىمىز يوق، شۇنداق ئىكەن سىلەر نېمە ئۈچۈن بىز بىلەن ئۇرۇشىسىلەر؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: «ئەگەر بىز بۈگۈنكى كۈندە سىلەرگە بەيئەت قىلىدىغان بولساق، ئەتە (ئارىمىزدىكى تالاش-تارتىشلارغا ئادەم چىقىرىپ) تەھكىم (يەنى ئارىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپتىن ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىغا ھۆكۈم قىلدۇرۇش) قىلدۇرۇسىلەر» دەپ جاۋاب بەردى. ئەبۇ ئەييۇب رضي الله عنه مۇنداق دېدى: «مەن اللە نىڭ نامى بىلەن سىلەردىن كېلەر يىلى كېلىش ئېھتىمالى بولغان پىتنىدىن ئەنسىرەپ بۇ يىلقى پىتنىنى قوزغاشقا ئالدىرىماسلىقىڭلارنى ئۆتۈنىمەن» («تارىخ تەبەرى» 5- توم 84- بەت).

ئۇلارنىڭ ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رضي الله عنه غا بەرگەن يۇقىرىقى جاۋابى ئىبنى ئاببا‌س رضي الله عنه غا بەرگەن تۆۋەندىكى جاۋابىغا ئۆز ئەينى ئوخشايتتى: «اللە تعالى ئۆزىنىڭ ھۆكمىدە مۇئاۋىيە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ياكى قايتىپ كېلىشكە ھۆكۈم قىلىپ بولغان تۇرۇقلۇق، سىلەر اللە نىڭ ھۆكمى ئۈستىدىن شەخسلەرگە تەھكىم قىلدۇردۇڭلار؛ اللە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقانلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا سۈلھى تۈزۈشنى سۈرە بەرائەت (سۈرە تەۋبە)تە يوققا چىقارغان تۇرۇقلۇق، ئۆزۈڭلار بىلەن مۇئاۋىيە تەرەپ ئوتتۇرىسىدا سۈلھى تۈزۈشتۈڭلار».

ئەلى رضي الله عنه ئۇلاردىن: «سىلەر نېمە ئۈچۈن بىزگە قارشى چىقتىڭلار؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار ئەلى رضي الله عنه غا ئۈچۈق قىلىپ: «قارشى چىقىشىمىزنىڭ سەۋەبى بولسا سېنىڭ سىففىن كۈنىدىكى (مۇئاۋىيە رضي الله عنه بىلەن بولغان تالاش-تارتىشتا ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رضي الله عنه بىلەن ئەمىر ئىبنى ئاس رضي الله عنه نى) تەھكىم (ھۆكۈم قىلدۇرۇش) قىلدۇرغانلىقىڭدۇر» (ئىبنى ئەسىرنىڭ «الكامل» 3- توم 327- ۋە 328- بەتلەر).

بۇنىڭدىن باشقا، زۇرئە ئىبنى بۇرۇج تائىينىڭ ئىمام ئەلى رضي الله عنه غا قىلغان تۆۋەندىكى سۆزى: «ئى ئەلى! (يەنى ئۇ ئەلى رضي الله عنه نى ئەمىرىلمۇئمىنىن دەپ ئاتاشنى ئېغىر ئالاتتى) ئەگەر مۇئاۋىيە تەرەپ بىلەن ئاراڭدىكى ئىشقا كىشىلەرنى ھۆكۈم قىلغىلى سالىدىغان بولساڭ، قەسەم قىلىمەنكى، اللە نىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن ھالدا ساڭا ئۇرۇش ئاچىمەن» («الكامل» 3- توم 334- بەت).

رېئال ھەقىقەت شۇكى، تەھكىم مەسىلىسى بەزىلەر ئېيتقاندەك خاۋارىجلىقنىڭ مەيدانغا چىقىشىنىڭ ئەڭ ئەرزىمەس سەۋەبى بولماستىن بەلكى ئۇ ئىمام ئەلى رضي الله عنه نىڭ قوشۇننى «قوللىغۇچىلار» ۋە «قارشى چىققۇچىلار»دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ بۆلەككە پارچىلاپ تاشلىغان ئەڭ چوڭ سەۋەبتۇر چۈنكى ئىمام ئەلى رضي الله عنه تەھكىمنى قوبۇل قىلمىغان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى مۇئاۋىيە رضي الله عنه نىڭ قوشۇنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ھەمدە پۈتۈن ئىسلامىي يۇرتلارنى تەلتۆكۈس كونترول قىلالىغان

(ئاخىرى 3- بەتتە)

(بېشى 2- بەتتە)
ھالىتىنى پەرەز قىلىپ باقىدىغان بولساق، خاۋارىجلار ھەرىكىتىنىڭ بۇنداق تىنجىغان ۋەزىيەتتە ئورنىدىن تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېمەك، خاۋارىجلار ئەلى رضي الله عنه نىڭ مۇئاۋىيە رضي الله عنه بىلەن بولغان ئىختىلاپىنى ئىسلاھ قىلىشتا ئىككى ساھابىنى ھۆكۈم چىقارغۇزغانلىقىنى (يەنى تەھكىمنى) «الله نىڭ ھاكىمىيىتىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىك» دەپ قارىدى. ھالبۇكى، بۇ تەھكىم مەسىلىسى شېرىك كەلتۈرۈش ياكى چوڭ گۇناھ بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا كىچىك گۇناھمۇ بولماستىن، ئەكسىچە، الله بۇيرۇغان ئىبادەت ئىدى شۇڭا گۇناھى كەبىر قىلغانلىقى كاپىرغا چىقىرىش خاۋارىجلىق بولغان يەردە، مۇباھ ئىش بىلەن ياكى ساۋاب بولىدىغان ئىبادەت بىلەن باشقىلارنى كاپىرغا چىقىرىش خاۋارىج دەپ ھۆكۈم قىلىنىشقا تېخىمۇ كۈچلۈك سەۋەبتۇر.
(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

## (چاتما ماتېرىياللار)




# ھاۋادىن ئەسكەر تاشلاش

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

1- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سوۋېت قاتارلىق دۆلەتلەر پاراشۇتتىن چۈشۈش ھەرىكىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. ئۇلار دۆلەت تەۋەلىكىدە پاراشۇتتىن چۈشۈش تەنتەربىيە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئۇسۇلنىڭ تەرەققىياتىنى تېز سۈرئەتتە ئىلگىرى سۈردى. 1930- يىلى قىزىل ئارمىيە كىچىك تىپتىكى بىر پاراشۇت قىسمى قۇرغان ئىدى. 1935- يىلىغا كەلگەندە قىزىل ئارمىيە بۇنى دېۋىزىيە دەرىجىسىدىكى چوڭ قىسىمغا ئايلاندۇردى. 1936- يىلىغا كەلگەندە بىرىگادا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. ھاۋادىن چۈشۈش ئۇرۇش پىلانىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوتتۇرىغا قويغۇچىسى گېرمانىيە گېنېرالى كېرچ شتۇدېنت ئىدى.

2- دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلىرىدا شتۇدېنت گېرمانىيە ئارمىيىسىدىن 4500 نەپەر ئەسكەرنى پاراشۇتتىن سەكرەش بويىچە مەخسۇس مەشىقلەندۈردى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە پىلانېرغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ھاۋادىن چۈشۈپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇش ناھايىتى خەتەرلىك ئۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئۇرۇش پىلانىدىكى ئەڭ ھەل قىلغۇچ تەلەپ بولسا ئۇرۇش قوماندانلىرىنىڭ كاللىسىدا نىمە ئۈچۈن ھاۋادىن چۈشىدىغانلىقى ناھايىتى ئوچۇق بولۇشى كېرەك. يەنى:

ھاۋادىن چۈشۈشتىكى نىشان نىمە؟

ھاۋادىن چۈشۈش — باشقا ئۇسۇل بىلەن مەقسەتكە يېتىش ئىمكانىيىتى بولمىغاندا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇسۇلدىن ئىبارەت.

1941- يىلى گېرمانىيە ئارمىيىسى ياۋروپانىڭ كۆپ قىسمىنى كونتروللۇققا ئېلىۋالغان بولسىمۇ بىراق كرېت ئارىلى بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ قولىدا ئىدى. شۇنداقلا، ئارالغا بارىدىغان دېڭىز تەۋەلىكىمۇ بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. كرېت ئارىلىنىڭ كونتروللۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش بولسا گىتلىرنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز رايونىنى




بېسىۋېلىش پىلانىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل ھېسابلىناتتى شۇڭا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ كرېت ئارىلىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن پەقەت بىرلا ئۇسۇل — ھاۋا ئارقىلىق ئارالغا چۈشۈشلا قالغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن گېرمانىيە قوماندانى شتۇدېنت ئالدى بىلەن پاراشۇتچى قىسمىنى ئارالغا تاشلاپ، ئاندىن چوڭ تىپتىكى ئايروپىلان ئارقىلىق لازىمەتلىكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1944- يىلىدىكى ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانىدىكى ھەل قىلغۇچ پەيتلەر

بىرلەشمە ئارمىيە نورماندىيىدە قورۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن گېرمانىيە ئىشغالىيىتىدىكى رايونلارغا ئىچكىرىلەپ




كىرىشنى پىلانلىدى. بۇ پىلاندىكى مۇھىم نۇقتىلار كۆۋرۈكلەر بولۇپ، پىلاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئاساسلىق كۆۋرۈكلەردىن بىر قانچىسى كونترول قىلىنىشى كېرەك ئىدى لېكىن بۇ مۇھىم كۆۋرۈكلەر دۈشمەن ئالدىنقى سەپلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقان ئىدى. ھاۋا ئارقىلىق چۈشۈش بولسا بۇ كۆۋرۈكلەرنى تېز سۈرئەتتە كونترول قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئىدى.

بۇ ئۇرۇش جەريانىدا بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ 35 مىڭ نەپەر پاراشۇتچى ئەسكىرى دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى نىشان قىلىنغان ئورۇنلارغا چۈشتى. ئۇلار چۈشكەن ئورۇنلار ھەتتا دۈشمەن ئالدىنقى سېپىگە 100 كىلومېتىردەك كېلەتتى. بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ بۇ دەرىجىدە خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشىدىكى سەۋەب — ئۇرۇشنى 1944- يىلى روژدىستىۋا بايرىمىدىن بۇرۇن ئاخىرلاشتۇرۇش ئىدى. ئادەمنىڭ ئېشەنگۈسى كەلمەيدىغان يەنە بىر ئىش — بۇ ئۇرۇش پىلانى پەقەت 6 كۈندىلا تۈزۈلۈپ ئىجرا قىلىنغانىدى.

1967- يىلى، ۋېيتنام

ئامېرىكا قوماندانلىرى ئۇرۇش رايونى C دىكى كوممۇنىستلارنى تېز سۈرئەتتە تازىلاش ئۈچۈن بۇ رايونغا تىككئۇچار ئارقىلىق ئەسكەر تاشلاش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پىلاننىڭ مەقسىتى C رايون بىلەن شىمالىي ۋېيتنام كۈچلىرىنىڭ ئارىسىنى ئۈزۈۋېتىش ئىدى.

### ئىستىخبارات

ھاۋادىن چۈشۈش ئۇرۇشىدا ئەسكەرلەر دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە چۈشىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ رايون ھەققىدە كۆپلىگەن ئۇچۇرغا ئېرىشىش ناھايىتى مۇھىم. 1941- يىلىدىكى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ كرېت ئارىلىغا ئەسكەر تاشلاش پىلانىدا گېرمانىيە قوماندانى شتۇدېنت خاتا ئۇچۇر بىلەن ھۆكۈم قىلىپ، «كرېت ئارىلىدا 5 مىڭغا يېقىن بىرلەشمە ئارمىيە ئەسكىرى بار ۋە ئۇلار ئارالنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان» دەپ پەرەز قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئارالدىكى بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ سانى 5 مىڭ ئەمەس بەلكى تەخمىنەن 40 مىڭ ئىدى. شتۇدېنت ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇش پىلانى تۈزۈش گۇرۇپپىسىدىكى گېرمانىيە قوماندانلىرى خاتا ئۇچۇرغا ئاساسلىنىپ ئۇرۇش پىلانى تۈزگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئۇرۇشتا ئېغىر بەدەل تۆلىدى.

ئۇرۇش رايونى C ئۈچۈن تۈزۈلگەن ھاۋادىن چۈشۈش ئۇرۇشىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىدە بۇ رايون ھەققىدە ئاساسەن مەلۇمات يوق ئىدى بىراق ئامېرىكا ئارمىيىسى بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكنى ھاۋادىن چۈشۈش ئۇرۇش پىلانىنىڭ كېيىنكى باسقۇچى بولغان «سۈرئەت ۋە دۈشمەننى ھەيران قالدۇرۇش» ئارقىلىق تولۇقلاشنى قارار قىلدى.

### ھاۋانى كونترول قىلىش

ھاۋانى كونترول قىلىشنىڭ ئىككى خىل دەرىجىسى بار بولۇپ: بىرى، ھاۋا كۈچى دۈشمەننىڭ ھاۋا كۈچىگە يېتەلمەيدىغان ئەھۋال؛ يەنە بىرى، ھاۋانى پۈتۈنلەي كونترول قىلىش.

1963- يىلىدىكى ۋېيتنام ئۇرۇشىدا ۋېيتنام تەرەپنىڭ ھاۋا قىسمى يوق ئىدى شۇڭا ئامېرىكا ھاۋادىن مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئامېرىكا ئارمىيىسى ھاۋادىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىككى نۇقتىدىن ئىشلەتكەن بولۇپ، بىرى، ئەسكەر ۋە لازىمەتلىكلەرنى ھاۋادىن توشۇدى؛ يەنە بىرى، يەر يۈزى قىسمىغا ھاۋادىن ياردەم بەردى.

### سۈرئەت ۋە دۈشمەننى ھەيران قالدۇرۇش

1941- يىلىدىكى كرېت ئارىلىنىڭ كونتروللۇقىنى تالىشىش ئۇرۇشىدا، گېرمانىيە ئارمىيىسى بۇ ئارالغا 5 مىڭ نەپەر ئەسكەر تاشلىغان ئىدى بىراق ئۇلار سۈرئەتكە كاپالەتلىك قىلالمىغانلىقى ۋە ئەسكىرىي ھەرىكەتتىن دۈشمەننى مەخپىي قالدۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن گېرمانىيە ئەسكەرلىرى ئايروپىلاندىن سەكرەش جەريانىدا بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، نۇرغۇنلىغان ئايروپىلانى پاچاقلىنىپ كەتتى ۋە 5 مىڭ ئەسكىرىدىن تەخمىنەن مىڭ ئەسكىرى قېلىپ، قالغىنى ئۆلدى. ۋېيتنامدىكى C رايوننى كونترول قىلىش ئۇرۇشىدا ئامېرىكىنىڭ 845 نەپەر ئەسكىرى ھاۋادىن سەكرىدى. ئۇلار سۈرئەت ۋە دۈشمەننى ھەيران قالدۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىدى.

### كۈچەيتمە ياردەم

ھاۋادىن سەكرەيدىغان ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرىدىغان لازىمەتلىكلىرىنىڭ مىقدارى ناھايىتى چەكلىك بولىدۇ. ئۇلار ناھايىتى يېنىك ھالەتتە قوراللىنىدىغانلىقى ئۈچۈن كۈچەيتمە ياردەمگە ناھايىتى ئېھتىياجلىق بولىدۇ شۇنداقلا ئۆزىنى ئۇزۇن ۋاقىت قامداپ بولالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ياردەم بىلەن تەمىنلىنىشى كېرەك. ئادەتتە بۇ ياردەمنىڭ ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 48 سائەت بولىدۇ. كرېت ئارىلىنى كونترول قىلىش ئۇرۇشىدا گەرچە گېرمانىيە ئارمىيىسى سۈرئەت ۋە دۈشمەننى ھەيران قالدۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ بىراق كۈچەيتمە ياردەمنى ۋاقتىدا ۋە تولۇق يەتكۈزۈپ بېرەلىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلىدى.

ئۇرۇش رايونى C نى كونترول قىلىش ئۇرۇشىدا ئامېرىكا ئارمىيىسى يەرگە چۈشۈپ 20 مىنۇت ئىچىدە مۇداپىئە ھالىتىگە ئۆتۈپ بولدى، ئۇلارنىڭ كۈچەيتمە ياردىمى 5 مىنۇت ئىچىدە يەتكۈزۈپ بېرىلدى. قوشۇمچە ئەسلىھەلىرىنىڭ ۋاقتىدا يەتكۈزۈلۈپ بېرىلىشى بىلەن C رايونغا ھاۋادىن چۈشۈش پىلانى تولۇق ئورۇنلاندى. ھاۋادىن چۈشكەن ئەسكەرلەر يەر يۈزىدىكى ئامېرىكا ئارمىيىسىگە ھەمكارلىشىپ C رايوندىكى ۋېيتنام كۈچلىرىنى تازىلاشقا باشلىدى.

يىغىنچاقلىغاندا، ھاۋادىن ئەسكەر تاشلاشنىڭ شەرتلىرى:

1. نىشان
2. ئىستىخبارات (جاسۇسلۇق)
3. ھاۋانى كونترول قىلىش
4. سۈرئەت ۋە دۈشمەننى ھەيران قالدۇرۇش
5. كۈچەيتمە ياردەم

ھاۋادىن چۈشۈپ ئېلىپ بېرىلىدىغان جەڭنىڭ ھەل قىلغۇچ ئىككى خىل ئاجىزلىقى بولۇپ، ئۇلار: بىرىنچى، يەرگە چۈشۈش جەريانىدا ئاشكارىلىنىپ قېلىش؛ ئىككىنچى، ۋاقىت چەكلىمىسىدىن ئىبارەتتۇر.

# ئائىلىكى رېتسېپلار

## كۆزگە يىڭناسقۇ چىقىپ قېلىش

بۇ — قاپاق گىرۋەكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ھەم ئاسانلا قايتا قوزغىلىدىغان ئۆتكۈر ياللۇغلىنىش خاراكتېرلىك كېسەللىك بولۇپ، خىلتىلارنىڭ غەيرى تەبىئىي ئۆزگىرىشى، بولۇپمۇ قان ۋە سەۋدا خىلتلىرىنىڭ بۇزۇلۇپ، شۇ ئورۇنغا تەسىر كۆرسىتىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

### داۋالاش رېتسېپلىرى

بىرىنچى رېتسېپ: شىشىگە قىزىق سۇ ئېلىپ ياكى پاكىز لۆڭگىنى قايناقسۇغا چىلاپ، كۆزنىڭگە بىر قانچە قېتىم 5-10 مىنۇتتىن قاپاققا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسە بولىدۇ (إن شاءالله).

ئىككىنچى رېتسېپ: پىشۇرۇلغان تۇخۇمنىڭ شاكىلىنى سويۇۋېتىپ قولياغلىقا ئوراپ، يىڭناسقۇنىڭ ئۈستىدىن ئىسسىق ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئىسسىق سۇغا چىلانغان پاكىز لاتا بىلەن بىر قانچە قېتىم سۈرتۈپ بەرسە، يىڭناسقۇ ئۇڭايلا يوقاپ كېتىدۇ (إن شاءالله).

ئۈچىنچى رېتسېپ: قوينىڭ دۈمبە يېغىنى ئوتتا قىزىتىپ يىڭناسقۇ ئۈستىگە قويسا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە بىر چىمدىمنى تۇخۇم ئېقىغا ئارىلاشتۇرۇپ، يىڭناسقۇ ئۈستىگە چاپسا ئوبدان ئۈنۈم بېرىدۇ (إن شاءالله).

تۆتىنچى رېتسېپ: قۇرۇتۇلغان خورمىنىڭ تالقىنىدا گۈل يېغى بىلەن مەلھەم تەييارلاپ چاپسا مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاءالله).




■ 2017- يىلى 3- ئاينىڭ 30- كۈنى (پەيشەنبە) سەھەردىن باشلاپ گۇما ناھىيىسىنىڭ بارلىق ناھىيە ئىچى، يېزا-كەنت ۋە مەھەللىلەردىن ھېچبىر يەر قالماي ناھىيىنىڭ پۈتۈن تەۋەسىدە مىڭلىغان خىتاي ئەسكەرلىرى ۋە ساقچىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئاختۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. خىتاي ساقچى ۋە ئەسكەرلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىگە مەجبۇرى باستۇرۇپ كىرىپ، ئۆيدىكى بارلىق نەرسىلەرنى بىرمۇبىر چالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقتى. ئۆيلەردىن تېپىلغان قۇرئان كەرىم ۋە ئىسلام دىنىغا ئالاقىدار ماتېرىياللار، بارماق دېسكا، CD دېسكا، ئاۋازلىق ھۆججەت، جايناماز، باش ياغلىق (رومال) قاتارلىق دىنىي تۈس ئالغان بارلىق نەرسىلەرنى مۇسادىرە قىلىپ مەيدانغا توپلىدى. بۇندىن باشقا يەنە بارلىق ئاياللاردىن ئۆزلىرىنىڭ ھەرقانداق كىيىم-كېچەكلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئۆزلىرىگە بىرمۇبىر كۆرسىتىشلىرىنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۇزۇن پەلتو، ئابايى، باش ياغلىق ۋە شارپا قاتارلىق كىيىملەرنىڭ ھەممىنى مۇسادىرە قىلدى. يوپكا قاتارلىقلارنى ئۆلچەپ، تىزدىن ئاشقان قىسمىنى كېسىۋېتىپ قايتۇرۇپ بەردى. بۇ ھەرىكەتلەرگە قارشى گەپ-سۆز ياكى ئىپادىدە بولغانلارغا ئېغىر جەرىمانە قويىدى ياكى تۇتقۇن قىلدى.

خىتاي ئەسكەرلىرى بۇ قېتىمقى ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇشلاردا مۇسادىرە قىلغان ئاياللارنىڭ كىيىملىرىنىمۇ چوڭ مەيدانغا توپلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاختۇرۇلۇۋاتقان ۋە ئاختۇرۇلۇپ بولۇنغان ئۆيلەرنىڭ ھېچبىرىدە بىرمۇ ئادەمنىڭ قالماسلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، بارلىق ئادەملەرنى كىتاب ۋە نەرسىلەرنى توپلىغان مەيدانغا يىغدى. بەزى ھەمشىرىلەرگە تەھدىت سېلىپ قاتتىق تارتقۇشلىدى.

ھەر بىر ئادەمنىڭ قولىغا بىردىن ۋاراق تۇتقۇزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا: «بىز ئۆيلىرىڭلاردا ساقلانغان قانۇنسىز كىتاب، كىيىم-كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى مۇسادىرە قىلدۇق» دەپ يېزىلغان ئىدى. ئۇلار: «ئەگەر بىز ئاختۇرۇپ تاپقاندىن باشقا، يەنە بۇ خىلدىكى قانۇنسىز كىتاب ۋە كىيىم-كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ تىقىپ قويغانلار يوشۇرۇپ قويغان يەردىن ئەڭ تېز ھالەتتە ئېلىپ چىقىپ 4- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە چوقۇم تاپشۇرۇشى كېرەك، ئەگەر ئۇنداق قىلماي بىزنىڭ يەنە قايتا ئاختۇرۇش قىلغان ۋاقتىمىزدا چىقىپ قالسا، قاتتىق جازالىنىسىلەر! بۇ قېتىمقى ئاختۇرۇشتا مۇسادىرە قىلغانغا ئوخشاش نەرسىلەرنى كىيەر قېتىم ئۇچراتساق، دىنىي ئاشقۇنلۇق ۋە تېررورغا قارشى ھەرىكەتكە باغلاپ، تېررورلۇق جىنايىتى بىلەن قولغا ئالىمىز ۋە ئېغىر ئىقتىسادىي جەرىمانە قويىمىز» دېگەندەك ئېغىر تەھدىتلەرنى قوللاندى.

خىتاي ئەسكەر ۋە ساقچىلىرى ئۆيلەردىن مەجبۇرى يىغىۋېلىپ مۇسادىرە قىلغان قۇرئان كەرىم، دىنىي كىتاب، دىنىي تۈس ئالغان ماتېرىياللار، ئاياللارنىڭ باش ياغلىقى، ئۇزۇن كىيىم-كېچەكلىرى، بەدەن قىياپىتى ئاشكارىلانمايدىغان كىيىملەرنىڭ ھەممىسى چوڭ مەيدانغا توپلىنىپ، كۆيدۈرۈلۈپ يوق قىلىندى.

■ 4- ئاينىڭ 1- كۈنى ئافغانىستاننىڭ خوست ۋىلايىتى داماتمىندا رايونىدا بىر نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىز 5 نەپەر قوغدىغۇچىسى بىلەن بىللە ماشىنىدا كېتىۋاتقان ئافغانىستان ئالاھىدە قىسىم ئەترىتىنىڭ قوماندانىغا قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بۇ قوماندان قوغدىغۇچىلىرى بىلەن بىللە جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 4- ئاينىڭ 3- كۈنى رۇسىيىنىڭ سانت پېتىربۇرگ شەھىرىنىڭ مېترو بېكىتىدە ئېغىر دەرىجىدە پارتلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. نەتىجىدە رۇس كاپىرلىرىدىن 10 دىن ئارتۇقى ئۆلۈپ 50 دىن ئارتۇقى يارىلانغان.

■ 4- ئاينىڭ 4- كۈنى ھەيئەتۇتەھرىر شام مۇجاھىدلىرى ھاما ۋىلايىتىنىڭ مەئىرداس يېزىسىنى كاپىرلاردىن قايتۇرۇۋالغان شۇنداقلا نۇسەيرىيە كاپىرلىرىدىن نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈرگەن. جەڭ جەريانىدا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ T72 تىپلىق بىر دانە تانكىسى ۋە بىر دانە شالاكاسىنى ۋەيران قىلغان، ئىككى دانە تانكا ۋە بىر دانە ئەسكەر توشۇغۇچى Bmp سىنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 4- ئاينىڭ 4- كۈنى رۇس كاپىرلىرى سۇرىيىنىڭ ئىدلىب ۋىلايىتى خانشەيخۇن رايونىدا چەكلەنگەن خىمىيىلىك گاز بومبىسى تاشلاپ، 60 قا يېقىن مۇسۇلمان خەلقنىڭ شەھىد بولۇشى ۋە 100 گە يېقىن خەلقنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

■ 4- ئاينىڭ 5- كۈنى سۇرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتىدە ھەيئەتۇتەھرىر شام مۇجاھىدلىرى ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان نۇسەيرىيە كاپىرلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ، كاپىرلارنىڭ بىر دانە تانكىسى ۋە بىر دانە ئەسكەر توشۇغۇچى Bmp سىنى ۋەيران قىلغان.

■ 4- ئاينىڭ 6- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز سۇرىيىنىڭ دەرئا شەھىرىدە «ئۆلۈم خارلىقتىن ياخشى» ناملىق جەڭنى قايتىدىن باشلىغان. بۇ جەڭ ئاۋۋال پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئارقىدىن مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن. نەتىجىدە دەرئا شەھىرىنىڭ مەركىزى بولغان مەنشىيا رايونىنىڭ مۇھىم ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان. بۇ جەڭ ھېلھەم داۋاملاشماقتا.

■ 4- ئاينىڭ 10- كۈنى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇنىڭ ۋادجىر رايونىدىكى بىر ئەسكىرىي بازىدا ئەسكەرلەر يىغىلىپ يىغىن ئېچىۋاتقان پەيتتە بىر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز جىلىتكىلىق پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 10 نەپەر ئەسكىرىي قوماندانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 25 نەپەر ئەسكەرنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 4- ئاينىڭ 11- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ فەرياب ۋىلايىتى بىلجىراغ رايونىدا مۇرتەدلەر ئورۇنلاشقان بىر قانچە نۇقتا ۋە يېزىلارغا ھۇجۇم قىلغان. بۇ ھۇجۇم ئەتىگەندە باشلىنىپ كەچكىچە داۋاملاشقان بولۇپ، الله نىڭ رەھمىتى بىلەن مۇجاھىدلار 7 يېزا ۋە 5 ئەسكىرىي نۇقتىنى فەتىھ قىلغان ۋە مۇشۇ رايوننىڭ ئەسكىرىي مەسئۇلىنى ئۆلتۈرگەن. كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 4- ئاينىڭ 11- كۈنى ھەيئەتۇتەھرىر شام مۇجاھىدلىرى سۇرىيىنىڭ ئىدلىب ۋىلايىتىگە جايلاشقان كەفەريا-فۇئا رايونىدا شىئە رافىزىيلىرىنىڭ تۈرمىسىدىكى 19 نەپەر قېرىندىشىمىزنى مۇجاھىدلار قولىدىكى شىئە ئەسىرلەرگە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق قۇتۇلدۇرۇپ چىققان.

## ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| دَفْتَرُ الْخَطِّ | ھۆسنىخەت دەپتىرى | ذَالِكَ دَفْتَرُ الْخَطِّ | ئاۋۇ ھۆسنىخەت دەپتىرى |
| كِتَابُ الْعَرَبِيَّةِ | ئەرەب تىلى كىتابى | هَلْ هَذَا كِتَابُ الْعَرَبِيَّةِ؟ | بۇ ئەرەب تىلى كىتابىمۇ؟ |
| قُمْ | تۇر | قُمْ يَا أَحْمَدُ! | ئەھمەد، ئورنۇڭدىن تۇر! |
| تَفَضَّلْ | مەرھەمەت | تَفَضَّلْ بِالْجُلُوسِ! | مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ! |
| جَرِيْدَةٌ | گېزىت | هَلْ هَذِهِ جَرِيدَةُ «صَوتُ الْإِسْلَامِ»؟ | بۇ ئىسلام ئاۋازى گېزىتىمۇ؟ |
| جِئْتَ | سەن كەلدىڭ | مِنْ أَيْنَ جِئْتَ؟ | قەيەردىن كەلدىڭ؟ |
| اَلْآنَ | ھازىر | اَلْآنَ أَذْهَبُ | ھازىر بارىمەن |
| تَذْهَبُ | بارىسەن | إِلَى أَيْنَ تَذْهَبُ؟ | قەيەرگە بارىسەن؟ |
| إِلَى | غا، قا، گە، كە | أَنَا أَذْهَبُ إِلَى الْغُرْفَةِ | مەن ئۆيگە بارىمەن |
| قَالَ | دېدى | قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ | پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن |
| سَّاعَةٌ | تىڭشىغۇچ | أَيْنَ سَّاعَةٌ؟ | تىڭشىغۇچ قەيەردە؟ |
| بَلْ | بەلكى | لَسْتُ مُدَرِّسًا بَلْ أَنَا طَالِبٌ | مەن ئوقۇتقۇچى ئەمەس بەلكى ئوقۇغۇچى |






1. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى قېنى كىم تېز ۋە توغرا تاپالايدۇ؟
بىر مەھسۇلات بار ئىكەن،
ئۇنىڭ ئەسلى قار ئىكەن.
ئۇ بولمىسا جانلىقلار،
ھالاك ئىكەن، خار ئىكەن.
تېزگىنلەنسە ئۇنىڭدا،
نازۇ-نېئمەت بار ئىكەن.

2. بىر ئۈۋچى قىشتا قار يېغىپ توختىغان ۋاقىتتا ئوۋ ئوۋلىغىلى چىقىپتۇ. ئۈۋچى كېتىپ بېرىپ ئاسماندىكى كەپتەرنى كۆرۈپ ئېتىپتىكەن، قاغا چۈشۈپتۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. «قوشۇش بىلەن كۆپەيتىش بىر ۋاقىتتا كەلسە، ئالدى بىلەن كۆپەيتىشنى ھېسابلاش» قائىدىسىگە ئاساسەن، نەتىجىسى 7 بولىدۇ.

2. قول بارماقلىرى.



## پەيغەمبەر تىبابىتى
## بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

### سارماي (زُبْدٌ)

«ئەبۇ داۋۇد ھەدىسلەر توپلىمى»دا بۇسرى سۇلەمىينىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «پەيغەمبەر ﷺ بىزنىڭ ئۆيگە كىرگەندە ئالدىغا سارماي ۋە خورما قويدۇق. ئۇ سارماي ۋە خورمىنى ياخشى كۆرەتتى» (3837- ھەدىس).

سارماي ھۆل ئىسسىق، ئۇنىڭ مەنپەئەتلىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، پىشۇرۇش ۋە تارقىتىش دېگەندەك. ئۇ ئىككى قۇلاق يېنىدىكى ۋە دوۋسۇن بىلەن بۆرەك ئارىسىدىكى، سۈيدۈك يولىدىكى ئىششىقلارنى قايتۇرىدۇ. ئۇنى يالغۇز ئىشلەتسە ئېغىز ئىششىقلىرى، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ بەدىنىدىكى ئىششىقلارنى يوقىتىدۇ. ئۇنى يالاپ بەرسە ئۆپكىدىن چىققان قاننى توختىتىدۇ ۋە ئۆپكىدىكى ۋاقىتلىق ئىششىقلارنى قايتۇرىدۇ.

ئۇ مىجەزنى، نېرۋىنى، سەۋدا ۋە بەلغەمدىن بولغان يامان سۈپەتلىك ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ. بالىلارنىڭ چىش چىقىدىغان يېرىگە سۈرۈپ بېرىلسە چىشنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە پارقىرىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇ سوغۇق ۋە قۇرغاقتىن بولغان يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ بىراق ئۇ ھەسەل ۋە خورمىغا ئوخشاش تاتلىق نەرسىلەرنىڭ تەمىنى كەتكۈزىۋېتىدۇ، تائامنىڭ ئىشتىھاسىنى يوقىتىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سارماي بىلەن خورمىنى بىرگە يېيىشى، بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنى تەڭشەش ئۈچۈندۇر.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته